# مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى ئەجىر-ساۋاپنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ مەسچىتكە كېلەتتى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى ئەجىر-ساۋاپنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ مەسچىتكە كېلەتتى، مەن جامائەتنى نامازنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ، نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا بىر كىشىنى كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئادا قىلىشقا قالدۇرۇپ، مەن بىر باغلامدىن ئوتۇن كۆتۈرگەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئېلىپ جامائەت نامىزىغا كەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىرىپ ئۇلارنى ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۋەتسەمىكەن دەپ كەتتىم».
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇناپىقلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ نامازغا كېلىشكە سۇسلۇق قىلىشىدىن بولۇپمۇ خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىغا كەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بىرىپ، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازنى جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇشنىڭ ئەجىر-ساۋابىنى بىلگەن بولسا ئىدى، كىچىك بالا ئۆمىلىگەنگە ئوخشاش ئۆمىلەپ بولسىمۇ جامائەتكە كېلەتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازغا تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا بىر كىشىنى جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئادا قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر باغلامدىن ئوتۇن كۆتەرگەن بىر بۆلۈك كىشىلەر بىلەن بىرگە جامائەت نامىزىغا كەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىرىپ (ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقى بەك ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنى ئۆيلىرى بىلەن قېتىپ كۆيدۈرىۋېتىش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۆيدە نامازغا كەلمىگەن ئەرلەردىن باشقا گۇناھسىز، ئۈزۈرلۈك كىشىلەر، ياشانغانلار، كېسەللەر، ئاياللار ۋە باللار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق قىلمىغان.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3366

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee